# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021- يىل 1- ئاي
23
شەنبە
维吾尔文 1 月23日
25315- سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تىيانشان تورى: www.ts.cn


■ بۇ يىل «14- بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان بىرىنچى يىل، بارلىق خىزمەتلەر ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي يۆنىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرماسلىق، ئۆلچەمنى بوشاشتۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14- بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدىكى نىشان- ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

■ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىن قاراپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

■ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ھەمگە داۋاملىشىدۇ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ھەمگە داۋاملىشىدۇ. پارتىيەمىز 100 يىللىق چوڭ پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىللەتلەرنى ئۆزىدىن تازىلاش ۋە ساپلىقىنى ھەمگە ساقلىشى، ھاياتىي كۈچىنى ھەمگە ساقلىشى، جەزمەن پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بىر دەقىقىمۇ توختىتىپ قويماي ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار جەزمەن پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، باشتىن- ئاخىر «ئىمتىھان بېرىش»نەك سەگەكلىكنى ساقلاپ، «چېرىتىش»، «قورشاپ ئوۋلاش»قا قارىتا ھوشيارلىقنى ساقلاپ، قاتتىق بولۇش باش رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، سىستېمىلىق تۈزەش، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش ئىدىيەسى بىلەن ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تىنچلىق- قالايمىقانچىلىق، گۈللىنىش- خارابلىشىشتىن ئىبارەت تارىخىي دەۋرىيلىكتىن سەكرەپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك چوڭ پاراخوتنىڭ پۈتكۈل قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك

■ كۈچلۈك سىياسىي نازارەتچىلىك ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر- ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالماسلىق، چىرىكلىشەلمەسلىك، چىرىكلىشىشنى ئويلىماسلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «تۆت خاھىش»نى قەتئىي بوشاشماي تۈزىتىپ، تۈزەپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزەپ، ئاممىنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى «چىۋىنگە زەربە بېرىش» جەريانىدىن ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى «14- بەش يىل» قۇرۇلۇشىغا سىڭدۈرۈش كېرەك

### شى جىنپىڭ 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «14- بەش يىل» مەزگىلىدىكى نىشان- ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى جاۋ لېجى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1- ئاينىڭ 22- كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 1- ئاينىڭ 22- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل «14- بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان بىرىنچى يىل، بارلىق خىزمەتلەر ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي يۆنىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرماسلىق، ئۆلچەمنى بوشاشتۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14- بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدىكى نىشان- ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ لېجى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.



1- ئاينىڭ 22- كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020- يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشى ئارقىلىق ئۇلۇغ جەمئىيەت ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. بىرىنچى، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش- تىزگىنلەش كۈرىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش جەريانىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا بوران- چاپقۇن يېتىپ كەلگەندە، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نوپۇزىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم يۆلەنچۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئىككىنچى، «ئىككىنى قوغداش»نى زىچ چۆرىدەپ سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، سىياسىي كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، «تۆت خىل ھالەت»نى قوللىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش- تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق مۇھىم، زور تەدبىر- ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چۆرىدەپ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئۈچىنچى، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئىستىلدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش جەريانىدا ساختىپەزلىك قىلىش مەسىلىلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىكنى داۋاملىق تۈزەپ، يېمەك- ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى قەتئىي تۈزىدى. تۆتىنچى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يېڭى ھالىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، نەپسىنى يىغمىغان، قولىنى تارتمىغان چىرىك ئۇنسۇرلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، دىققەتنى سىياسىي مەسىلە ۋە ئىقتىسادىي مەسىلە گىرەلىشىپ كەتكەن چىرىكلىك دېلولىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيەگە سادىق بولمىغان، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمچىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدىكى چىرىكلىكنى قىلچە كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازالاپ، نامراتلارنى يۆلەش، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى ئاخىرغىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بەشىنچى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەنى باشقۇرۇش، خىزمەتنى باشقۇرۇش، ئىستىلنى باشقۇرۇش، ئىنتىزامنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆرەشنىڭ بىرىنچى سەپىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈپ، ئۇرۇش سەپىدە مۇنەۋۋەر ئاكتىپلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ پارتىيەگە كىرگۈزدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەردىن رازى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىن قاراپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ. جەزمەن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، چىرىكلىكتىن ئىبارەت پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى بۇ ئەڭ زور خەۋپ- خەتەر يەنىلا مەۋجۇت، ساقلانما مىقدارى تېخى ئېنىق ئەمەس، ئېشىش مىقدارى يەنىلا يۈزبېرىۋاتىدۇ.
(ئاخىرى 2- بەتتە)

### ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

### چاغانتوقايدا:

## «بىر ئىش» بىر يۈرۈش بېجىرىلىپ، ۋاقىت، زېھىن تېجىلىپ «ئۈنۈمى» ياخشى بولدى

5- ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى رايىدە

«ماتېرىياللارنى ئالدىن تەييارلىۋالساقلا، ‹تېزلا ئالغىلى بولىدىكەن›.» 1- ئاينىڭ 20- كۈنى چاغانتوقاي ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ 1- قەۋەت زالىدا نۇرمانگۈل قادىر قولىدىكى ئەمدىلا بېجىرىپ بولغان تىجارەت كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەمنۇن بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى ئۈچ خىزمەت كۈنىدە ئاران بېجىرىپ بولغىلى بولاتتىكەن، ھازىر توردا تەكشۈرگىلى بولىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەغەز نۇسخىسىنى تەمىنلىمىسىمۇ بولىدىكەن، نۇرغۇن ھالقا قىسقىراپتۇ.»

ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشى بۇ مەركەز يولغا قويغان «بىر ئىش»نى بىر يۈرۈش بېجىرىش مۇلازىمىتى — رەتلەپ بىرىكتۈرۈش، تەرتىپنى قايتا تەشكىللەش، ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى كۆپ تارماق، كۆپ قاتلامغا قاتراپ بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار توردىكى بىر سۇپىدا ياكى تور سىرتىدىكى بىر كۆزنەكتە بىرتۇتاش بېجىرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، «بىر كۆزنەك قوبۇل قىلىش، بىر قېتىملا ئۇقتۇرۇش قىلىش، بىر جەدۋەلدە ئىلتىماس قىلىش، بىر يۈرۈش ماتېرىيال، بىر قېتىملا تاپشۇرۇش، بىر قېتىم قايتما ئىنكاس قىلىش، بىر قېتىمدىلا بولۇپ بېجىرىش، بىر كۆزنەكتە كىنىشكىنى چىقىرىش، بىر نومۇر مۇلازىمەتتە، بىر كۇنۇپكا بىلەن باھالاش»تىن ئىبارەت بېجىرىش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلگەنلىكىنىڭ پايدىسىدىن بولدى.
(ئاخىرى 4- بەتتە)

## بۇلتۇر ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچىدە يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى

### سودا سوممىسى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 114.58% ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 2020- يىلى، ئۈرۈمچى- سانجى تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان جۇڭگو- ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدە چېگرادىن كىرىپ- چىققان جۇڭگو- ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 329 قېتىمغا، يۈك توشۇش مىقدارى 309 مىڭ 500 توننىغا، سودا سوممىسى 2 مىليارد 28 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئايرىم- ئايرىم ھالدا 39.41%، 27.53%، 114.58% ئېشىپ، يىغىلىش مەركىزى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيانقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونىنىڭ ترانسپورت تورى 19 دۆلەت، 26 شەھەرگە تۇتاشتۇرۇلدى، ئېكسپورت قىلىنغان مەھسۇلات تۈرى 200دىن ئاشتى.

ئۈرۈمچى- سانجى تاموژنىسى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش 1- بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ جىشى مۇنداق تونۇشتۇردى: يەرلىك ماللار يىغىلىش مەركىزىدە يۈك تەشكىللەش تاماملانغاندىن كېيىن، بۇلتۇر ئاساسەن ھەر كۈنى بىر نۆۋەتچى پويىز ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى ياۋروپاغا قاتنىدى، مەنزىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت، رۇسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە، پولشا قاتارلىق ياۋروپادىكى ئون دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار ئىلگىرىكى يىللاردىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كىيىم- كېچەك، ئاياغ، باش كىيىم، چىراغ، چىنىتەخسە قاتارلىق ئەنئەنىۋى تىپتىكى كۆندىلىك ئۇششاق تۈرلۈك مەھسۇلاتلار ئاساسىدا ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى،
(ئاخىرى 4- بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى

## يەرلىك نىزام چىقىرىشنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1- ئاينىڭ 20- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى،
(ئاخىرى 2- بەتتە)

## ھەقىقەتنى قانچە سۆزلىگەنسېرى شۇنچە ئېنىق بولۇش كېرەك

سۆز ھەممىگە

□ يۈ يەنيۈن

بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدە «ئاتلىق لېكسىيە ئەترىتى» پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى «ئەڭ يىراقتىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى»گە يەتكۈزدى، جىڭ ناھىيەسىدە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان «بۇلۇت لېكسىيەسى» ئاممىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى ھەم ئىلھام بەردى، چەرچەن ناھىيەسى لېكسىيە دەرسخانىسىنى چىلانلىق باغقا كۆچۈرۈپ كىردى، ئارشاڭ ناھىيەسىدە ئەدەبىيات- سەنئەت ئارتىسلىرى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى... 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى «ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئائىلىلىرىگە يەتكۈزۈش» ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار لېكسىيە ۋاستىلىرىنى بېيىتىپ، لېكسىيە شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيە نەزەرىيەسىنى ئاساسىي قاتلامغا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.
(ئاخىرى 4- بەتتە)